

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# تۈلكە بىلەن لەيلەك

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى؛ تۇردىھاجىم تۇرغۇن

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



هۆرمەتلىك ________________ گە:

_______________________________________________

_______________________________________________

_______________________________________________

_______________________________________________



____________ دىن تەقدىم

-يىلى -ئاينىڭ -كۈنى



ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# تۆلكە بىلەن لەيلەك

## (تاللانغان تەسىرلىك بالىلار ھېكايىلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن

قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# تۈلكە بىلەن لەيلەك

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830026

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16

**باسما تاۋىقى:** 117.75

**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3

**ئومۇمىي باھاسى:** 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە




| | |
|---|---|
| چامغۇر يۇلۇش | 2 |
| تۈلكە بىلەن لەيلەك | 10 |
| نەسىردىن ئەپەندى يولدا | 20 |
| ئەخمەق بۆرە | 30 |
| شەھەربان | 42 |
| ئۈچ قوزا | 62 |
| مۇمايىنىڭ كۆۋرۈكى | 76 |














# چامغۇر يۇلۇش



بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي چامغۇر تېرىپتۇ. چامغۇر تازا يېتىشكەن
مەزگىلدە ئۇنى يۇلماقچى بولغانىكەن، كۈچى يەتمەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن خوتۇننى ياردەملىشىشكە چا-
قىرىپتۇ. خوتۇن ئەرگە، ئەر چامغۇرغا يېپىشىپتۇ.
تارتىپتۇ، تارتىپتۇ، ئەمما چىقىرالماپتۇ.



ئاخىر بولماي، ئانا قىزىنى چاقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزى ئانىسىنى، ئانىسى ئېرىنى، ئېرى بولسا چامغۇرنى تارتىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار تارتىپتۇ، تارتىپتۇ، ئەمما چىقىرالماپتۇ.



ئەمدى قىزچاق ئىتنى چاقىرىپتۇ. ئىت قىزنى، قىز ئانىسىنى، ئانىسى ئېرىنى، ئې-
رى بولسا چامغۇرنى تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تارتىپتۇ، تارتىپتۇ، ئەمما چىقىرالماپتۇ.



ئىت مۈشۈكنى چاقىرىپتۇ. مۈشۈك ئىتنى، ئىت قىزنى، قىز ئانىسىنى، ئانىسى ئېرىنى، ئېرى بولسا چامغۇرنى تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تارتىپتۇ، تارتىپتۇ، ئەمما چىقىرالماپتۇ.



ئاخىر، مۈشۈك چاشقاننى چاقىرىپتۇ. چاشقان مۈشۈكنى، مۈشۈك ئىت-نى، ئىت قىزنى، قىز ئانىسىنى، ئانىسى ئېرىنى، ئېرى بولسا چامغۇرنى تارتىشقا باشلاپتۇ.



ئۇلار تارتىپتۇ، تارتىپتۇ... ئاخىر، چامغۇرنى يۇلۇپتۇ ۋە غەلىبە خۇ-
شاللىقىدىن سۆيۈنۈپ، بىر - بىرلىرىنى تەبرىكلىشىپتۇ.




تۈلكە بلەن لەيلەك

تۈلكە بىلەن لەيلەك دوستلاردىن ئىكەن. ئۇلار دائىم بىرگە ئوۋغا چىقىدىكەن، بىللە ساياھەت قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈلكە لەيلەككە:

— دوستۇم، بۈگۈن كەچ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارغىن، — دەپتۇ.

لەيلەك ماقۇل بوپتۇ ۋە كەچتە تۈلكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تۈلكە بىر قازاندا ئوماچ ئېتىپتۇ. ئاندىن ئوماچنى بىر لىگەنگە ئۇسۇپ، ئۇنى داستىخانغا قويۇپتۇ.



— قېنى مەرھەمەت، تارتىنماي ئالغىن، — دەپتۇ تۈلكە ۋە ئۆزى ئىشتىھا بىلەن يې-
يىشكە باشلاپتۇ. ئەمما لەيلەك ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى لىگەنگە تاقى-
شىپ، ئوماچنى ئىچەلمەپتۇ. ئۇ بىر نەچچە قېتىم تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپ، ئوماچ يۇقۇندى-
سىنى يالاپ بولغىچە تۈلكە بەش ـ ئالتە قېتىم شالاپشىتىپلا لىگەننى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ.

لەيلەك قورسىقى ئاچ ھالدا ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دەپتۇ: «خەپ توختاپتۇر تۈلكە،
بۇنىڭ ئۆتىنىسنى بېرىمەن!»



لەيلەك ئاچلقتن قۇرساقلرى كوركراپ بر كېچىنى ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

شۇ ئىش بولۇپ ئارىدىن بر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بر كۈنى لەيلەك سۈتلۈك ئاش پشۇرۇپ، تۈلكنى مېهمان بولۇپ كېتىشكە چاقرپتۇ. لەيلەك ئاشنى بر لوڭقىغا ئۇسۇپ داستىخانغا قويۇپتۇ. تۈلكە لۇڭقىنىڭ ئىچىگە بېشنى قانداق تىقىپ تاماق يېيىشنى بىلمەي قاپتۇ. لەيلەك بولسا ئۇزۇن تۇمشۇقنى لوڭقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بارلىق تاماقنى يەۋېتىپتۇ.

تۈلكە ناهايىتى كۆڭۈلسز هالدا ئۆيگە قايتىپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دەپتۇ: «لەيلەك ماڭا دوست ئەمەس. خەپ، ئۇنى يەۋەتمىسەم.»



يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. تۈلكە لەيلەكنى يەۋىتىش ئۈچۈن باھانە ئىز-
دەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر، ئۇ بىر كۈنى سەھەردە لەيلەكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ
كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:





— دوستۇم، بەك زېرىكىپ كەتتىم. يۈر، ئوتلاقنى ئايلىنىپ كېلىمىز.

لەيلەك رازى بوپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ، بىر يېشىللىققا يېتىپ كەپتۇ.

— نېمىدېگەن گۈزەل ئوتلاق، — دەپتۇ تۈلكە، — كەل، بۇ يەردە بىر ئاز ئارام ئالايلى.

لەيلەك بىلەن تۈلكە ئوتلاق ئۈستىدە



سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. تۈلكە يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ئۇ لەيلەكمۇ ئۇيقۇغا كەتسە، ئۇنى بوغۇپلا يەيمەن، دەپ ئويلايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ لەيلەكمۇ تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا تۈلكە ئېتىلىپ كېلىپ لەيلەكنىڭ بوغۇزىدىن ئاپتۇ. لەيلەك ئويغىنىپ سوراپتۇ:

— نېمه قىلىۋاتىسەن؟

— چۈشۈمدە سېنى كۆرۈپتىمەن. كۆڭلۈمدە سېنى قۇچاقلاشنى ئارزۇ قىلغىدەكمەن... — دەپتۇ تۈلكە.

تۈلكىنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنگەن لەيلەك شۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، مەنمۇ يېتىپ زېرىكتىم. قېنى، مېنىڭ ئۈستۈمگە مىن، كۆككە كۆتۈرۈلەيلى. بىر ئاز ئۇچقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئارام ئالارمىز...



تۈلكە رازى بولۇپ لەيلەكنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. لەيلەك ئۇنى ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. خېلى ئۇزاق ئۇچقاندىن كېيىن تۈلكىدىن سوراپتۇ:

— دوستۇم تۈلكە، يەر قانداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟

— خاماندەكلا! — دەپتۇ تۈلكە.

بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن لەيلەك يەنە سوراپتۇ:

— دوستۇم، ئەمدى قانداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟

— ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم، — دەپتۇ تۈلكە.



— دوستۇم، قاناتلىرىم بەك تېلىپ كەتتى، قېنى چۈشكىن، بىر ئاز ئارام ئالايلى، — دەپتۇ لەيلەك. تۆلكە يالۋۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي جېنىم دوستۇم، بۇنداق ئېگىزلىكتىن چۈشسەم ساق قالمايمەن. شۇڭا مېنى بىر ئامال قىلىپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويغىن!

— قاناتلىرىم تېلىپ كەتتى، — دەپتۇ لەيلەك، — چۈشمىسەك سېنى ئۆزۈم يەرگە ئاتىمەن!

تۆلكە ناھايىتى يالۋۇرۇپ يىلىنىپتۇ. كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. ئەمما لەيلەك ئەيۋەشكە كەلمەپتۇ.





— سەن دوستلۇققا ۋاپاسىز چىقتىڭ. بۇ شۇنىڭ جازاسى، قېنى يوقال!
لەيلەك شۇنداق دەپلا كۆچەپ بىر سىلكىگەنىكەن، تۆلكە يەرگە موللاق ئاتقان پېتى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

# نەسىردىن ئەپەندى يولدا





بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى ئۆزى ئېشەككە مىنىپ، ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ھەي، بۇ قانداق قىلىق؟ ئۆزى چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ، ئېشەككە مىنىۋېلىپ، بالىسىنى پىيادە قويۇپتۇ دې-سە... — دەپ نەسىردىن ئەپەندىنى ئەيىبلىشىپتۇ.





نەسىردىن ئەپەندى ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئوغلىنى مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. يول بويىدا ئولتۇرغان كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ:

— ئاپئاق ساقال بىر ئادەمنىڭ بالىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ پىيادە ماڭغىنى نېمىسى؟ — دېيىشىپتۇ.





شۇنىڭ بىلەن نەسىردىن ئەپەندى ئۆزىمۇ ئېشەككە مىنىپتۇ ۋە ئوغلىنى ئارقىسىغا مىندۇرۇپ، يولنى داۋام قىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىـ-
شىلەر بۇنى كۆرۈپ شۇنداق دېيىشىپتۇ:

— شۇنداقمۇ رەھىمسىزلىك بولامدۇ؟ بىر جانلىققا ئىككى ئادەم مىنىپ ماڭسا، بۇ ھايۋانغا زۇلۇم قىلغانلىققۇ!





نەسردىن ئەپەندى ئىلاجسىز قاپتۇ ۋە ئۆزىمۇ، بالىسىمۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ، يولنى پىيادە داۋام قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يولۇچىلار:

— بۇلا ناھايىتى ئەخمەقلەردىن ئىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىشكى بار تۇرۇپ، پىيادە مېڭىپتۇ، — دېيىشىپتۇ.



ئاخىر، نەسىردىن ئەپەندى ئېشەكنى دەس كۆتۈرۈپ ھاپاش قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەممە ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالساڭ، ئاخىر ئېشەكنى يۈدۈۋېلىشقا مەجبۇر بولىسەن!






ئەخمەق بۆرە



بۆرىنىڭ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كەتكەنىكەن. چۈنكى، ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى كۆپ يەرلەرنى ئاقتۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئوۋ ئۇچرىمىغانىكەن. مانا ئەمدى ئۇ جاڭگالدىن چىقىپ، مەھەللىگە يېقىنلىشىپتۇ. ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر قوزا ئۆستەڭدىن سۇ ئىچكىلى كەپتۇ. ئۇ سۇنى ئىچىپ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ ۋە ئالدىدىلا تۇرغان بۆرىنى كۆرۈپتۇ.



— ئالقىنىمغا ئوبدانلا چۈشتۈڭ، — دەپتۇ بۆرە، — نەچچە كۈندىن بېرى گۆش يېمەي قورسىقىم چاپلىشىپ قالاي دېدى. ئەمدى سېنى يەپ قورسىقىمنى ئوبدان توقلايدىغان بولدۇم.

قوزا تىترەپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئىختىيار ئۆزلىرىدىدۇر، بۆرە جانابلىرى. ئەمما، مېنىڭ گۆشۈم بەك تۇزسىز. شۇڭا ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، بېرىپ تۇز ئېلىپ كېلەي، ئۇنى گۆشۈمگە سېپىپ يېسلە، ناھايىتى مېزىلىك بولىدۇ...

بۆرەر رازىلىق بېرىپتۇ. قوزا دەرھال كېتىپ قاپتۇ ۋە قايـ







تىپ كەلمەپتۇ.

بۆرە قوزىنى ناھايىتى ئۇزاق كۈتۈپتۇ. ئەمما، ئۇ كەلمىگەن بولغاچقا، قايتىدىن يەنە قومۇشلۇققا كىرىپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، بىر قوي ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كېلىۋاتقىدەك.

بۆرە بىردىنلا قوينىڭ ئالدىنى توسۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— كەل، كەل... سېنى پارچە ـ پارچە قىلىپ يەپ قارنىمنى تويغۇزۇۋالاي...

قوي مۇلايىملىق بىلەن باش ئېگىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن نېمە دەيتتىم، بۆرە ئالىيلىرى. بوپتۇ، يېگۈلىرى كەلگەن بولسا، يېگەيلا. ئەمما بىر ئارزۇيۇم بار، رۇخسەت قىلغايلا، مەن ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈپ ئاۋۇ ئېگىزلىككە چىقىپ، ئاندىن يەنە ئۇسسۇل ئويناپ قايتىپ كېلەي. شۇنداق قىلسام، بەدىنىم ھەرىكەتلىنىپ، قېنىمالماي ئۆلمەن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىشتەيلىرى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەي. ئاندىن مېنى لەززەتلىنىپ يېگەيلا.

بۆرە قوينىڭ شۇنداق قىلىشىغا رازى بوپتۇ.

قوي ئۇسسۇل ئويىنغاچ ئېگىزلىككە چىقىپتۇ ۋە تۇيۇقسىز يەنە بىر تەرەپكە







چۈشۈپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

بۆرە قوينىڭ دېرىكىنى ئالالماي يەنە قومۇشلۇققا كىرىپ
مۆكۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر كالا ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتـ-
قىدەك. بۆرە دەرھال قومۇشلۇقتىن چىقىپ كالىنىڭ ئالدىنى
توسۇپتۇ:

— ئالقىنىمغا ئوبدان چۈشتۈڭ. ئەمدى سېنى شۇنداق ھۇ-
زۇرلىنىپ يەيمەنكى، مۈڭگۈزۈڭ بىلەن تۇيىقىڭلا قالىدۇ.

كالا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۆرە ھەزرەتلىرى، قارار چىقىرىش ئۆزلىرىنىڭ ئىختىـ-
يارلىرىدا. ئەمما، مەن بۈگۈن بىر كۈن دېگىدەك تېزەك ئۈس-
تىدە يېتىپ چىققان. شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلغايلا، ئاۋۇ تەرەپ-
تە تاشلار كۆپ، شۇ يەرگە بېرىپ تاشلارغا سۈركىلەي، ئۈس-
تۈمدىكى، قورساقلىرىمدىكى تېزەك يۇقۇندىلىرى ئۇۋۇلۇپ
چۈشۈپ كەتسۇن. ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپلىرىگە يارىشا ئوب-
دان پاكلىنىپ، پاكىزلىنىپ كېلەي.
ئاندىن مېنى راھەتلىنىپ يېگەيلا!

بۇ سۆز بۆرىگە ناھايىتى يېقىپ-
تۇ. ئەمما كالا تاش تەرەپكە ئۆتۈپ







كېتىپتۇ ۋە قايتىپ كەلمەپتۇ.

بۆرە قاتتىق خاپا بوپتۇ ۋە يەنە قايتىدىن قومۇشلۇققا كىرىپ مۆكۈۋېپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، بىر ئات قەد كېرىپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇ قۇيرۇقىنى ھەرياققا سىلكىپ، نەگە قەدەم بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەندەك ھالدا ئىكەن. ئۇ شۇ ھالەتتە كېلىۋېتىپ بۆرىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئارقىسىغا داجىپ توختاپتۇ.

— ئالقىنىمغا ئوبدان چۈشتۈڭ، — دەپتۇ بۆرە، — كەل، قوزىنىڭمۇ، قوينىڭمۇ، كالىنىڭمۇ دەردىنى سەندىن ئېلىپ، شۇنداق يەۋېتەيكى...

— نېمە دەيمەن بۆرە قېرىندىشىم، بوپتۇ يېسەڭ مەيلى. ئەمما، ماۋۇ تاپىنىمغا تاقالغان نالنىڭ ئاستىدا بىر تال قەغەز بار. ئاۋۋال شۇ قەغەزنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن مېنى يېگىن.

ئات شۇنداق دەپ ئارقا پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ. بۆرە ئېگىلىپ ئاتنىڭ تاقىسىنىڭ كەينىگە قارىماقچى بولغانىكەن، ئات ئۇنى شۇنداق كۈچ بىلەن تېپىپتۇكى، بۆرە بىر نەچچە موللاق ئېتىپ







بىر ياققا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.

ئاردىن خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندە بۆرە ھۇشىغا كەپتۇ. قولدىن بېرىپ قويغان ئوۋلىرى يادىغا كېلىپ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

تاپقاندىكىن قوزىنى،
نە قىلغۇلۇق تۇزىنى،
يەپ تويغۇزماي پوكاننى؟

قولغا چۈشسە سېمىز قوي،
نېمە كېرەك ئۇسسۇل-توي،
يەپ تويغۇزماي پوكاننى؟



كالا دِگەن لوقلا گٙوش،
نه بوپتۇ لاي بولسا تٙوش،
يەپ تويغۇزماي پوكانني!

ئٙوزىچىلا كەلسە ئات،
قەغەزنى دەپ يىقىل، يات،
يەپ تويغۇزماي پوكانني!

ئاگٙلاشلارغا قارىغاندا، بٙوره هازىرغىچە شۇ ئەخمەقلىقىدىن ئٙوكۇنۇپ، هەممە يەردە مۇشۇ قوشاقنى ئوقۇپ يۇرەرمىش.



# شەربان



رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەھرام شاھنىڭ ئاي يۈزلۈك، گۈزەل بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. بۇ كېنىزەكنىڭ ئىسمى شەھرىبان ئىكەن. ئۇ زېرەك، ئەقىللىق ۋە جەسۇر قىز بولۇپ، خۇلقى چىرايلىق، گەپ - سۆزى مۇلايىم ئىكەن. ئۇ كامان چېلىشقا ناھايىتى ماھىر بولغاندىن سىرت، ئۇسسۇلغىمۇ ئۇستا ئىكەن. بۇلبۇلدەك شېرىن سۆز بولۇپ، ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق، سېھىرلىك ئىكەن.

پادىشاھ بەزمە - مەشرەپلەردە، ئوۋلاردا شەھرىباننىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ھوزۇر ئالاتتىكەن. شەھرىبان چاڭ چالسا، شاھ ئاھ ئۇراتتىكەن.





بىر كۈنى پادىشاھ تاغ ـ دالالارغا ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ ۋە شەھرد-
ىن خېلىلا يىراق كەتكەچكە بىرگە ئېلىشىپتۇ. پادىشاھ ئوۋنى كۆرۈپ بولغىچە نەرە تارتىپ ئات سالىدى-
كەن، كىيىك ـ جەرەنلەرنى ناھايىتى مەرگەنلىك بىلەن ئېتىپ يىقىتىدىكەن. شاھنىڭ
ئېتىمۇ ئوۋنىڭ ئارقىسىدىن شامالدەك چاپىدىكەن. ئۇچرىغانلا ئوۋ شاھنىڭ ئوقىغا
دۇچ كېلىدىكەن. بەزى جانىۋارلار ئوقنىڭ پولات ئۇچى بىلەن تەڭ يىقىلىپ جىمىپ
قالسا، يەنە بەزىلىرى ئازراق ئۆملەپ بېقىپ، يېتىپ قالىدىكەن.
پادىشاھ ئەنە شۇنداق ئوۋ قىلىپ، بىر يەرگە كەلگەندە تۇيۇقسىزلا چۆللۈك تە-
رەپتىن بىر نەچچە جەرەن چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئوقياسىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە
ئېتىنىڭ بېشىنى جەرەنلەر تەرەپكە بۇراپتۇ. ئۇ قېچىۋاتقان جەرەنگە ئوق ئۈزگەن-
كەن، ئوق جەرەننىڭ بويىنىغا سانجىلىپتۇ، شۇ ھامان جەرەنمۇ يىقىلىپتۇ، تۇمشۇقى
تۇپراققا پېتىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە جە-
رەننى يەر چىشلىتىپتۇ، بىر نەچچىسنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شجائىتى شاھقا
ئەگىشىپ ئوۋغا چىققان بارلىق بەگ ـ سىپاھلارنى، لەشكەرلەرنى ھەيرەتكە ساپتۇ.
شەھربان بولسا، شاھنىڭ بۇ جاسارىتىگە ناھايىتى بىپەرۋا ئىكەن. ئۇ شاھنى باشقىلار-
غا ئوخشاش ماختىمايدىكەن، بىر ئېغىزمۇ تەرىپلىمەيدىكەن. شاھ بۇنى ھېس قىلىپ
تۇرسىمۇ، ئۈندىمەيدىكەن.

بىر چاغدا يىراقتا بىر جەرەننىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شاھ قىزغا شۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئوۋچىلىق ماھارىتىمىزنى كۆرگەنسەن؟ ھەقىقەتەن بىز ماھارەتتە تەرپلەنگەندىنمۇ يۇكسەكتۇرمىز. ئەمدى ئاۋۇ ياقتا بىر جەرەن قېچىش كويىغا چۈشۈپتۇ، بېشىدىن تىرنىقىغا قەدەر قەيىرىنى دېسەڭ، شۇ يەرنى نىشانغا ئالىمەن.

شەھرىبانىنىڭ چىرايىدا يەنە بىپەرۋالىق ئىپادىلىنىپتۇ.

— بوپتۇ شاھىم، ئەمسە ماھارەت كۆرسىتىپ، بۇ جەرەننىڭ تىرنىقىنى بېشىغا تىكىپ قويۇڭ!

شاھ شەھرىبانىنىڭ دېگىنىنى ئورۇندىماقچى بوپتۇ. ئۇ دەرھال ئوقيا كەلتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ ۋە پولات ئۇچلۇق ئوقنى سىلىپ، ئۇ. نىڭغا قارىتىپ ئۈزۈپتۇ. ۋىژىلداپ بارغان ئوق جەرەننىڭ





بېشنى ئازراقلا سىيپاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جەرەن بولسا، دەرھال بېشىنىڭ ئاغرىغان يېرىنى ئارقا پۇتى بىلەن قاشلاپتۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان شاھ يەنە بىر تال ئوق ئۈزۈپتۇ ۋە جەرەننىڭ پۇتىنى بېشىغا مىخلاپ قويۇپتۇ. جەرەن بولسا، تىرىنقى بېشىغا پاتقان ھالدا يىقىلىپتۇ.

شاھ شەھربان تەرەپكە ئۆرۈلۈپ مەغرۇر قىياپەتتە دەپتۇ:

— قانداقراق ئاتتىم؟

— شاھىم بۇ ئىشنى ئادەت قىلغاندۇر. ئادەت قىلىنغان ھەرقانداق ئىش ئىنسان ئۈچۈن ئاسانلىشىپ قالار. ئادەم ئادەتلىنىش ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشى مۇمكىن. دېمەك، شاھىمنىڭ قىلغانلىرى كۈچ ۋە ماھارەتتىن ئەمەس، بەلكى ئادەتلەنگەنلىك سەۋەبلىكتۇر... — دەپتۇ قىز.

شەھربانىنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ. شۇڭا قاتتىق غەزەب بىلەن «بولدى بەس!» دەپ شەھربانىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھنىڭ يۈرىكىدە شەھربانىغا قارشى نەپرەت ئويغىنىپتۇ.

شاھلار يۈرىكىدىكى ئىنتىقام ئوتلىرىنى قان بىلەن بېسىپ كۆنگەن. ئۇلار ئاچچىقلانغاندا، ئاتىنىڭ ئۆزەڭگىسىنى قاتتىق دەسسەر ۋە كۆزىگە قان كۆرۈنەر. بەھرام شاھنىڭ يۈرىكىدىمۇ شۇنداق بىر چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ: «بۇ كېنىزەكنى ئۆز رايىغا قويماسلىق كېرەك. ئۇنى يەر چىشلىتىش لازىم!»

ئەمما، بەھرام شاھنىڭ كېنىزەكنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماپتۇ. چۈنكى، خوتۇن كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس بىلىپتۇ. «خوتۇن كىشى دېگەن تاي ياكى قوي - كالا ئەمەس، — دەپ ئويلاپتۇ شاھ، — شۇڭا ئۇنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش مەرتلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمما ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇۋېتىشمۇ ياخشى ئەمەس.»



شاھ ئۆزىنىڭ قابىل بىر سەركەردىسىنى چاقىرىپتۇ:

— سەن بېرىپ بىرسىنىڭ بېشىنى ئال، ئۇ دۆلەت سارىيىمىزدىكى شەھربانىدۇر. ئۇنى يوقاتماق لازىمدۇر!

ئادىل، ھەققانىي ۋە پاك - دىيانەتلىك سەركەردە شەھربانىنى ساندۇققا سېلىپ دالىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ. بۇ چاغدا قىز شۇنداق دەپتۇ:



— ئەي سەركەردە، سىز بۇنداق رەزىل ئىشنى قىلماڭ. گۇناھسىز بىر قىزنىڭ قان - قەرزىگە بوغۇلماڭ. مەن شاھنىڭ ئەڭ ياخشى كېنىزەكلىرىدىن بىرى ئىدىم. ھەمىشە ئۇنىڭ مەجلىسىدە بولاتتىم. ئۇ مېنىڭ بىرگە بولۇشۇمنى ناھايىتى ياقتۇراتتى. ئەمما، مەنمۇ دىققەت قىلالماي قالدىم. كىچىككىنە بىر ھەرىكىتىم ئۇنى قاتتىق غەزەبلەندۈردى. شۇڭا مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەمما سىز مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭ. بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ، پادىشاھقا بولسا شەھرىبانىنى ئۆلتۈردۈم، دەپ دوكلات قىلىڭ. شاھ بۇ خەۋەردىن سۆيۈنسە، قايتىپ كېلىپ مېنىڭ بېشىمنى ئېلىڭ! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزدىن نارازى بولمايمەن. ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىم شاھنى قايغۇغا سالسا، سىز مېنى تىرىك قالدۇرغانلىقىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، سىزگە ھېچ ئىش بولمايدۇ. سىز شاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلسىز، مەنمۇ قەتل قىلىنىشتىن ئامان قالىمەن. ئەلۋەتتە، مەن قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان ئادەم ئەمەستۇرمەن، ئەمما بىر كۈن كېلىپ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرىمەن، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يەرگە قاراپ قالمايمەن!

قىز سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن سەركەردىنىڭ ئالدىغا بىر تۈگۈنچەكنى قويۇپتۇ.

بۇ تۇگۈنچەكتە يەتتە دانە لەئل ـ ياقۇت بولۇپ، ھەربىرىنىڭ قىممىتى بىر ئۆلكىگە باراۋەر كېلىدىكەن.
سەركەردە قىزنىڭ سۆزلىرىنى لايىق تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېنىدىن كېچىپ شۇنداق دەپتۇ:
ــ خوپ، ئەمسە شۇنداق قىلايلى: ھېچكىمنىڭ يېنىدا شاھنىڭ نامىنى تىلغا ئالما. ھەممە سېنى مېنىڭ ياردەمچىم دەپ بىلسۇن.
شۇنداق قىلىپ قىز بىلەن سەركەردە ئۆز سۆزىدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىشىپتۇ، سەركەردە ناھەق قان تۆكۈشتىن، قىز بولسا كىشەندىن قۇتۇلۇپتۇ.
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. شاھ سەركەردىنى كۆرۈپ، شەھرىبانىنى سوراپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ:





— قىزنى قانداق قىلدىڭىز؟

— قىزنى ئۆلۈمنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم، ئاندىن قان داغلىرىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇيدۇم.

شاھ شەھرىبانىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، كۆزى ياشقا تولۇپتۇ. سەركەردە بولسا، شاھنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، خۇرسەن بوپتۇ ۋە قىزنى ئۆلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق خۇرسەن بوپتۇ.

سەركەردىنىڭ شەھەردىن يىراق ۋە پىنھان بىر جايدا كەڭرى كەتكەن مەھەللىسى ۋە ئۆيى بار ئىكەن. سەركەردە ئەنە شۇ يەردىكى ئاتمىش پەشتاق بىلەن چىققىلى بولىدىغان بىر لەمپىدىن شەھرىبانىغا تۇرار جاي تەييارلاپ بېرىپتۇ. شەھرىبان بىر مەزگىل ئەنە شۇ يەردە ياشاپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەركەردىنىڭ بىر سېرىق موزايلاپتۇ. موزاي شەھرىبانىغا ناھايىتى مېھرىلىك بىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى موزايىنى بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، پەشتاق بىلەن ئۆزى تۇرۇۋاتقان لەمپىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. ئۇ بۇ ھەرىكىتىنى كۈندە نەچچە رەت تەكرارلايدىكەن. شۇ ھالەتتە موزاي چوڭىيىپ بېرىپتۇ، بارغانسېرى سەمىرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ شەھرىبان بۇ ئادىتىنى ئىزچىل داۋام قىپتۇ.

كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، ھەتتا يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. ئاخىر، موزاي چوڭىيىپ ئالتە ياشلىق بىر ئۆكۈزگە ئايلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ شەھرىبان ئۇنى ئاسانلا يەردىن ئۈزۈپ ئالىدىكەن، ئادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق



كۆچمەيلا مۇرىسگە ئېلىپ، ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىدىكەن. چۈنكى، ئۆكۈز ئې-
غىرلاشقانسېرى شەھرىبانىنىڭمۇ قۇلىنىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەركەردە بىلەن قىز مۇڭدىشىپ قاپتۇ. قىز قۇلىقىدىكى
ھالقىسىنى چىقىرىپ سەركەردىگە بېرىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇلارنى ئاپىرىپ سېتىڭ، پۇلىغا گۇلاب، شارابلارنى ئېلىڭ. بۇ دۇنيادىكى
نازۇ - نېمەتلەردىن نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى ئېلىڭ. كاتتا ۋە شات - خۇرام بىر
بەزمە تۈزەيلى. ئەگەر شاھنىڭ بۇ ياقلارغا يولى چۈشۈپ قالسا، ئۇنىمۇ زىياپەتكە
چاقىرىڭ. ئۇ مېھرىبان ۋە كۆڭۈلچەك ئىنساندۇر. سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى يەردە
قويماي كېلىپ، بىزنى خۇرسەن قىلغۇسى. شۇڭا بىز بۇ سارىيىمىزدا شاھنىڭ قەدەم
تەشرىپ قىلىشىغا لايىق بىر زىياپەت تۈزەيلى. ئەگەر نىيىتىمىز ئەمەلگە ئاشسا،
ھەممە ئىش كۆڭۈللۈك بولغۇسىدۇر.

سەركەردە شەھرىبانىنىڭ مەسلەھەتىنى توغرا تېپىپتۇ. ئەمما ئۇ شەھرىبان تەڭ-
لىگەن ھالقىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئالماستىن، ئۆزىنىڭ غەزىنىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپتۇ.
ئاندىن شاھقا لايىق تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن لازىمەتلىكلەرنى — قۇش، بېلىق،
ئەركەك قوزا گۆشى قاتارلىقلاردىن قىلىنغان نېمەتلەرنى، سان - ساناقسىز يېمەك -
ئىچمەكلەرنى تەييارلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شارابلارمۇ، يەل - يېمىشلەرمۇ، شۇن-
داقلا زىياپەت سارىيىنى بېزەيدىغان گۈل - چېچەكلەرمۇ بار ئىكەن.

بەھرام شاھ ئادىتى بويىچە ئوۋغا چىققان بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئات چاپتۇ-
رۇپتۇ، ناھايىتى كۆپ ئوۋ ئوۋلاپتۇ. ئەمما بۇ جەرياندا شەھرىبان قىز ئۇنىڭ كۆزى-
گە مىڭ قېتىملاپ كۆرۈنۈپ، پادىشاھنى ئوۋلاپتۇ.



پادىشاھ سەركەردىنىڭ سارىيى بار مەھەللىگە كەلگەندە ناھايىتى گۈزەل بىر باغنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ باغ ھەر خىل گۈل -چېچەكلەر ۋە يېشىللىقلار بىلەن تولغان بو-لۇپ، شۇنچىلىك ساپ ھاۋا دىماققا ئۇرۇلىدىكەن. پادىشاھ بۇ يېشىللىقنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرۇپتۇ.

سەركەردە باش ئېگىپ شاھنىڭ ئۆزەڭگىسىنى سۆيۈپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— شاھىم سالامەت بولسۇن، بۇ قۇلىڭىزغا ھەدىيە قىلغان مەھەللىدۇر. ئەگەر شاھىم قەدەم تەشرىپ قىلىشنى خالىسا، قۇلىڭىزنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى، ئۆيىمىزگە شاھنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتسە، مېنى بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ بەختلىكلىرىدىن قىلغان بولاتتى. شاھىمنىڭ سايىسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن، بېشى كۆككە يەتكەن بىر ئۆ-يۈم بار. ئەتراپى گۈل - چېچەكلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قورشالغان. ئەگەر شاھنىڭ قەدىمى ئۆيۈمگە يەتسە، بۇ باغلارغا، ئۆيۈمگە ئەنبەر پۇرىقى تەڭ يەت-كۈسىدۇر. شۇنداقلا قۇشقۇچۇم ھەسەل، ئۆكۈزۈم سۈت بەر-گۈسىدۇر!

شاھ سەركەردىنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلىپ دەپتۇ:

— بوپتۇ ئەمسە، سىز قايتىپ تەييارلىق قىلىڭ.







ئوۋدىن قايتقاندا سىزنىڭ سارىيىڭىزغا چۈشىمەن!

سەركەردە سۆيۈنگەن هالدا باش ئېگىپ سارىيىغا قايتىپتۇ. سارىينى ناهايىتى چىرايلىق ياساپتۇ، رۇم پايانداز لىرى، خوتەن گىلەملىرى بىلەن بېزەپتۇ. سارايىنىڭ ھەممە يېقى ناهايىتى پاكىز ۋە پارقىراق هالەتكە كەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شاھ سارايغا قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. ئۆي ساھىبى شاھنىڭ قەدەملىرىگە جاۋاھىرلارنى چېچىپتۇ. شاھ ئاتمىش پەشتاقتىن كۆتۈرۈلۈپ، ئايۋانغا چىققاندا بېشى ئاسمانغا يەتكەن، كائىناتقا زىننەت بولغان، پۈتۈن گۈزەللىكلەرنى ئۆ-زىگە جەملىگەن بىر ئايۋاننى كۆرۈپتۇ.

مانا شۇ سارايدا خۇشال ـ خورام بەزمە باشلىنىپتۇ. يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە ئېغىز تېگىلىپتۇ. بىر چاغدا شاھ ئۆي ئىگىسىگە يۈزلىنىپ:

ــ ئەي مېنىڭ مېھماندوست سەركەردەم، سارىيىڭ ناهايىتى گۈزەل ۋە هاۋاسى ساپ ئىكەن. لېكىن، كۆككە بوي سۇنغان بۇ ئايۋىنىڭغا نەچچە قېتىم چىقىپ، چۈ-شەلەيسەن؟

ــ شاھىمنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، ــ دەپتۇ سەركەردە، ــ مېنىڭ چىقىپ



چۈشمىكىم ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمما ئەجەبلىنەرلىكى، مېنىڭ ئورۇق ۋە
ئاجىز قىزىمنىڭ ئىشىدۇركى، ئۇ ھەر كۈنى تاغدەك بىر ئۆكۈزنى بويىنىغا مىندۈ-
رۈپ، بۇ ئايۋانغا ئېلىپ چىقار. ئۆكۈز نە ئۆكۈزكى، خۇددى پىلنىڭ ئۆزىدۇر. شۇ-
نىڭغا قەسەم قىلالايمەنكى، ئۇ ئۆكۈزنى بىزنىڭ بۇ قوشۇندىن ھېچكىم يەردىنمۇ
ئۈزەلمەس. قىز بولسا، بۇ ئاتمىش پەشتاقتىن يايدىن چىققان ئوققا ئوخشاش چى-
قار، پەشتاقلارنىڭ بىردىمۇ توختاپ دېمىنى ئالماس. ئەسلى تەئەججۇبلىنىشكە
تېگىشلىكى شۇدۇر، شاھىم!
سەركەردىنىڭ سۆزىدىن شاھ ھەيرانلىقتا پېتىپتۇ:



— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئەگەر كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم، بۇ گەپكە
ئىشەنمەيمەن! شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى دېگىنىڭىزنى ئىسپاتلاڭ، سەركەردەم!
سەركەردە شاھنىڭ ئالدىدىن يېنىپ كېلىپ، شەھىربانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ.
قىز بولسا، مۇشۇنداق مىنۇتلانى ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈۋاتقانىكەن. ئۇ ھەممە كۆ-
رىدىغان كەڭرى مەيدانغا چىقىپ نازۇك قەدەملىرى بىلەن ئۆكۈزنىڭ قېشىغا بې-
رىپتۇ. ئاندىن بېشىنى ئېگىپ، ئۆكۈزنى بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپتۇ ۋە ناھايىتى چاق-
قان ۋە دادىل قەدەملىرى بىلەن پەشتاقتىن چىقىپتۇ. ئۇ شاھنىڭ تەختى ئالدىغا كې-
لىپ، ئەدەب بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

بەھرام شاھ ئۆكۈزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئۆز كېنىزىكىنى تونۇيالماپتۇ.

شەھەربان ئۆكۈزنى بويىنىدىن ئېلىپ، پەردە قويىغاندىن كېيىن، شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ ۋە پۈتۈن زىياپەت ئەھلىنىڭ ئالدىدا بۇ ھۈنەرنى كۆرسەتتىم. ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە، بۇ دۇنيادىن بىر كۈچلۈك يىگىت تېپىڭ، ئۇ بۇ ئۆكۈزنى بۇ يەردىن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشەلىسۇن!

— بۇ سىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەتمەيدۇ، — دەپتۇ بەھرام شاھ، —



بۇرۇندىن تارتىپ ئادەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆكۈزنى كۆتۈرۈۋاتىسەن! بۇ ھېچقانداق ھۈنەر ئەمەستۇركى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆنگەن كۆنۈكمىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭا بۇ ساڭا ئادەتتىكى ئادەت بولغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

شەھەربان باش ئېگىپ دەپتۇ:

— ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىككى، ئۆكۈز كۆتۈرۈش ئادەت بىلەن بولۇر، ئەمما جەرەن ئوۋلاش بولسا ھۈنەر بىلەنمۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ ئۆكۈز كۆتۈرمىكىم «ئادەت»نىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىپ، شاھنىڭ جەرەن ئوۋلىشىنى «ئادەتنىڭ نەتىجىسى» دېگەنلەر جازالىنىدۇ؟





شاھ بۇ مەسخىرىلىك سۆزنى ئاڭلاپ، ئاندىن سىنچىلاپ قاراپتۇ ۋە شەھەربانىنى تونۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈر سوراپ شۇنداق دەپتۇ:

— سېنى جازاغا ھۆكۈم قىلغىنىم ئۈچۈن مىڭ قېتىم ئۆزۈر سورايمەن! مېنى ئەپۇ قىل! ئۆزۈم قويغان ئوتتا ئۆزۈم كۆيۈپ كۈل بولدۇم! شۇنىڭغا شۈكۈركى، سەن بولساڭ ھايات ئىكەنسەن! بۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچىغا مىڭلاپ تەسەننا ئېيتىمەن!

شەھەربانۇ يۈرىكىدىكى سۆزنى ئېيتىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، سىز ئۇۋدا جەرەننىڭ تىرنىقىنى قۇلىقىغا تىكىپ قويغاندا، بۇ ھۈنىرىڭىزگە يەر ئەمەس، كۆكلەرمۇ «ئاپىرىن!» دېدى. ئەمما مەن شاھىمنى تەبرىكلەشكە سۈكۈت قىلدىم. چۈنكى، مەن شاھىمىزغا كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. شۇڭا شاھىمىزنىڭ ئىشىنى كىچىك

ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلدىم. ئەمما نە قىلاي، پەلەك ساداقىتىمنىڭ ھېسابىغا ماڭا تۆھمەت ۋە ئەرزىيەت قىسمىتىنى تاڭدى.

شەھەربانىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھ چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ئېيتقىنىڭ توغرا، سېنىڭ ساداقىتىڭگە ئىشەنمىدىم. بۇ ھۈنەرگە ئىگە بولغان قىزنىڭ دۇنيادا قىممىتى بىباھادۇر!

شاھ يەنە سەركەردىگە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر سەركەردەم قوغداپ قالمىغان بولسا، مېنىڭ گۆھىرىمنى تاشلار پارچىلاپ تاشلىغان بولاتتى. شۇڭا سەركەردەم مېنىڭ ئەڭ كاتتا ئىنئاملىرىمغا، ھۆرمىتىمگە ئىگە بولغۇسىدۇر!

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شەھەربان يەنە سارايغا قايتىپتۇ، سەركەردىمۇ ناھايىتى كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىپتۇ ۋە شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولۇپ قاپتۇ.



# ئۈچ قوزا



بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ قوزا بول-
غانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز-
لىرىگە ئۆي ياسىماق ئۈچۈن ئىجازەت سوراپتۇ. قوزىلارنىڭ
ئانىسى ئىجازەت بېرىپتۇ. ئەمما شۇنداق دەپتۇ:

— باللىرىم، ئاچكۆز بۆرىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئۇ
قوزىلارنى پايلاپ يۈرىدۇ. شۇڭا بىر - بىرىڭلاردىن ئايرىل-
ماڭلار، ئۆيۈڭلارنى مەھكەم ياساڭلار. ئۆينى بىرلىكتە
سېلىپ، بىرلىكتە ياشاڭلار!



قوزىلار ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم ئۆي ياساشقا قارار قىلىشىپتۇ. چوڭ قوزا ھۇرۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىنى پاسار بىلەن ياساپتۇ.



ئىككىنچى قوزا بولسا، سەل ئاسان كۆرۈپ، يەڭگىل تاختاي بىلەن ياساپتۇ. ئەڭ كىچىك قوزىلا سەۋر ۋە چىدام بىلەن ئىش- لەپ، ئۆينى خىشتىن سېلىپتۇ، ئەتراپىنىمۇ مۇستەھكەم ئېتىپتۇ.



ٴاچكٴوز بٴورە قوزىلارنىڭ ٴانىسىدىن ٴايىرىلىپ كەتكەنلىك-
نى ٴاڭلاپ، ٴۇلارنى ٴىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە دەسلەپ چوڭ
قوزىنىڭ ٴۆيىنى تېپىپ، ٴىشىكنى ٴۇرۇپ دەپتۇ:





ــ ئەي قوزىچاق، ئىشىكىڭنى ئاچ. ئۆيۈڭنى كۆرگىلى كەلدىم!

قوزا ئانىسىنىڭ سۆزىنى يادىغا ئېلىپ، ئىشىكنى ئاچماپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۆرە پاسارلارنى يۇلۇپ تاشلاپ، يوچۇق ئېچىشقا باشلاپتۇ. قوزا ئاستاغىنە ئۆينىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپ، ئوتتۇرانچى قوزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ قېچىپتۇ.

ئوتتۇرانچى قوزا تېزلىكتە ئىشىكنى ئېچىپ، چوڭ قې-
رىندىشىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئوزاق ئۆتمەي بۆرىمۇ
يېتىپ كېلىپ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.



ئۇ قارىسا، قوزىلار يەنىلا ئىشىكنى ئاچمىغىدەك. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ ئۆيىنىڭ شاللىرىغا تېپىپ بىقىپتۇ. ئۆي ئاجىز بو-
لۇپ، ھەر ياققا ئىرغاڭلىغىدەك.



بۇنى كۆرگەن قوزا بىر ياغاچ تېپىپ كېلىپ، پىشاك سېلىپ ئۆينى پۇتۇنلەي يىقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن ياغاچ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بۆرە مۇشۇ نىيەتتە ئۆيدىن ئازراق يىراقلاشقان ھامان قوزىلار دەرھال قېچىپ چىقىپ، كىچىك قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ.



كىچىك قوزا ئىشنى ناھايىتى پۇختا قىلغان بولۇپ، قېرىنـ
داشلىرى ھاسىراپ ـ ھۆمدەپ كېلىشى بىلەن ئۇلارنى ئىچكـ
رىگە كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپتۇ.



ۋەھشي بۆرە ئىشكىنىڭ مەھكەم ئېتىلگەنلىكىنى بىلىپ ئۆينى بىر نەچچە ئايلىنىپ تەختاپتۇ. ئاندىن ئۆينىڭ تاملىرىغا تېپىپ بېقىپتۇ. ئەمما ئۆي مىدىرلاش ئورنىغا پۇتلىرى ئاغرىپتۇ.

ئاخىر بۆرە «ئەڭ ياخشىسى سەۋر قىلىپ، ساقلاپ تۇراي. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي سىرتقا چىقىشى ئېنىق. شۇ چاغدا ئۇلارنى يەپ، مەقسىتىمگە يېتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن قوزىلار ئىلاجىسىز ئىچكىرىدىن چىقال-
ماپتۇ، بۆرىمۇ مەقسىتىدىن يانماي پايلاپ يېتىپتۇ.



بىر چاغدا قوزىلارنىڭ ئانىسى بىر ئىتنى يېتىلىگەن ھالدا
باللىرىنى يوقلاپ كەپتۇ. ناھايىتى ھوشيارلىق ۋە مەغرۇرلۇق
بىلەن كېلىۋاتقان ئىتنى كۆرگەن بۆرە دەرھال قېچىشقا
باشلاپتۇ. ئۇ قورقۇنچ بىلەن شۇنچىلىك يىراققا قېچىپتۇكى،
ئىككىنچى بۇ يەرنى تاپالمىغدەك يەرگە كېتىپتۇ.



قوزىلار بولسا، ئانىسىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلما-
غانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.



# مومايىنىڭ كۆۋرۈكى



قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغلىرىنىڭ باغرىدىكى يايلاقلاردىن بىرىدە تەنھا ـ يال-
غۇز بىر موماي ياشىغانىكەن. ئەمما ئۇنىڭ كالىسى، ئۆچكىسى، غىزى، ئۆردىكى،
تۇخۇ ـ چۈجىسى بار ئىكەن. يەنە ھەسەل ھەرىلىرىمۇ بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەر-
دىن ھەسەل يىغىدىكەن. ئۇ سان ـ ساناقسىز تۇخۇملىرىنى، كوزا ـ كوزا ھەسەلل-
رىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەيدىكەن. ئۇ يەنە ئۆيىنىڭ كەينىگە بىر باغ يېتىشتۈر-
گەن بولۇپ، ئۆرۈك ـ شاپتۇلىنى، ئالما ـ نەشپۈتىنى، قارىقات ـ توغىچىنى يە-
غىشتۇرۇپ بولالماي قالىدىكەن.



ئېتىزلىقدا چامغۇر ـ تۇرۇپلىرى، لويلا ـ ماشلىرى، سەۋزە ـ پىيازلىرى ئې-
شىپ ـ تېشىپ تۇرىدىكەن. ئەمما، موماي بۇ مەھسۇلاتلىرىنى باشقا ياققا چىقىرىش-
قا ئامالسىز ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ماگار يولىنى بىر دەريا توسۇپ تۇرىدىكەن.

موماي ئاخىر بىر ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

ــ قانچىلىك ھەق دېسەڭ بېرىمەن. بۇ دەريانىڭ ئۇستىگە بىر كۆۋرۈك سېلىپ بەرگىن. سۈت ـ قېتىقلىرىم، تۇخۇم ـ ھەسەللىرىم، مېۋە ـ چېۋىلىرىم، ئوت ـ ياشلىرىم سېسىپ، چىرىپ ئىسراپ بولمىسۇن. ئۇلارنى ئاپىرىپ شەھەر بازىرىدا ساتاي.



ئۇستا ياخشى پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مومايدىن يەتتە ئىنەك، يەت-
تە قوي، يەتتە ئۆچكە، يەتتە غاز، يەتتە ئۆردەك، يەتتە توخۇ، يەتتە ھەرە؛ ئانار،
ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، لويلا... قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن يەتتە ساندۇق؛ ئاد-
دىن يەتتە تۆپ كۆچەت... تەلەپ قىپتۇ. موماي ئۇنىڭ تەلىپىگە رازى بوپتۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇستا كۆۋرۈك
ياساشنى باشلىۋېتىپتۇ.



كۇنلەر ئۆتۇپتۇ. ۋەدە ۋاقتى توشۇپتۇ. كۆۋرۇكمۇ پۇتۇپتۇ.
ــ ئەي موماي، ــ دەپتۇ ئۇستا، ــ مەن ساڭا
شۇنداق بىر كۆۋرۇك سېلىپ بەردىمكى، بۇ كۆۋ-
رۇكتىن قانچىلىك ئېغىر يۇكۇڭ بولسىمۇ ئۆت-
كۇزسەڭ بولىدۇ. ئەمدى بارلىق مەھسۇلاتلى-
رىڭنى يۆتكەپ ساتالايسەن، خالىغان چاغدا
شەھەرنىڭ بازىرىغا بارالايسەن.
ھەقىقەتەن شۇنداق بوپتۇ. كۆۋرۇك پۇ-
تۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ
كۆۋرۇكتىن ئۆتۇپتۇ.



ئەمما بۇ ئىش دەرياغا ياقماپتۇ. ئۇ زۇۋانىغا كىلىپ ھەسرەت بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مۇماي، ئىنىكىڭ، قوي - قوزىلىرىڭ، ئۆچكە - توخۇلىرىڭ مېنىڭ سۈيۈمنى ئىچتى، رازى بولدۇم. ئەمدى بولسا، سەن مېنى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ تاپىنى ئاستىغا تاشلاپ بەردىڭ. بىلەمسەن، مېنىڭ تاغ ئىچىدە مەنبەيىم بار. ئالدىرىما، ياز كەلسۇن، بېشىڭغا بىر بالا سالىمەنكى، مەڭگۈ ئېسىڭدىن چىقمايدۇ.



مومای چۈچۈپ تاغقا قاراپتۇ ۋە تاغنىڭ ئۈستىنى يىلدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قار قاپلىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەگەر شۇ قارلار ئېرىپ، كەلكۈن كېلىپ قالغىدەك بولسا، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنىڭ تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئارىدىن خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ياز كەپتۇ، ئاسمان گۈلدۈرلەپتۇ، چاقماق چېقىپتۇ، يەر - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. پۈتۈن زېمىن سەل ئاستىدا قاپتۇ. دەريانىڭ سۈيىمۇ ئۆركەشلەپ - كۆۋەجەپ، كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقىچە كۆۋرۈكنى يەر بىلەن يەكسان قىپتۇ.



تەنھا موماي بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ كۈن بويى ھەسرەت-
لىنىپ، دەريانىڭ لايىقىپ ئاققان دولقۇنلۇق سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاخىر، قا-
راڭغۇ چۈشكەن چاغدا پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ چىراغنى يېقىشىغىلا
ئىشىك چېكىلىپتۇ.

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.



سرتتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:
ــ ياراتقۇچىنىڭ مېھمىنى!
موماي ئىشىكنى ئېچىپتۇ ۋە بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە جەندىسى، قولىدا ھاسىسى بار ئىكەن.
ــ كىم سىلە؟ نېمە ئىشلىرى بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ موماي.
ــ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىتىم، ــ دەپتۇ بوۋاي، ــ قاراڭغۇدا قالدىم. شۇڭا مۇمكىن بولسا، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ ئۆتەرمەن، دېگەن ئويدا بولدۇم.
ــ قېنى، ئىچكىرىگە كىرسىلە، ــ دەپتۇ موماي.



مېھمان ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن موماي سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى نېمە ئىش قىلىلا؟ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىپ بارىلا؟

— دەرۋىشمەن، يۇرت كېزىمەن، — دەپتۇ مېھمان.

موماي ئۇنىڭغا چاي كەلتۈرۈپتۇ، پوشكال پىشۇرۇپتۇ.

مېھمان كۆپ يول يۈرۈپ ھارغان، شۇنداقلا قورسىقىمۇ تازا ئاچقانىكەن. شۇڭا ئۇ تاماقلىرىنى يەپ بولۇپلا يېتىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، داستىخاندا دۇنيادىكى ئەڭ مەزىلىك نازۇ - نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما موماي بىر ياندا ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغىدەك.

— موماي، نېمە دەردىڭىز بار؟ نېمىشقا بۇنچە قايغۇرىسىز؟



موماي بىشغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— دەريا سۈيىنىڭ قانچىلىك كۈچى بولسۇن، بىر ئۇستا تىككەن كۆۋرۈكنى ئۆرۈيدىغانغا؟— دەپمۇ دەرۋىش ھەيران بولۇپ.

موماي ئاھ ئۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— دەريا سۈيىگە تاغ يۆلەكتۇر! شۇنداق ئىكەن نېمىشقا كۈچلۈك بولمىسۇن؟

— تاغدىنمۇ كۈچلۈك كۈچ بار!

— قايسى كۈچ ئۇ؟— دەپ سوراپتۇ موماي.





— سز كۆۋرۈكنىڭ ياپقۇچىنى تۇخۇم شاكىلدىن يا-
ساڭ. شۇ چاغدا كۆرىسىزكى، قانداق بولىدىغانلىقىنى...
دەرۋىش كەتكەندىن كېيىن، مومايى يەنە ئۇستىنى چىللاپ كەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:
— ھەققىڭنى قانچىلىك دېسەڭ بېرىمەن. بۇ كۆۋرۈكنى قايتا ياساپ بەر. ئەمما كۆۋرۈك ياپقۇچىنى تۇخۇم شاكىلدىن ياسىغىن.
ئۇستا يەنە ھەممە نەرسىدىن يەتتىدىن ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مومايى رازى بوپتۇ. ئۇستا ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.
كۈنلەر ھەپتىلەرگە، ھەپتىلەر ئايلارغا ئالمىشىپتۇ. ۋەدە ۋاقتى توشۇپتۇ، كۆ-
رۈكمۇ پۈتۈپتۇ.

يەنە كشلەر هارۋا ـ ئېشەكلرى بلەن كۆۋرۈكتن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، بۇ قېتممۇ دەريا سۇيى بۇنداق بولۇشنى ياقتۇرماپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزنى هەرقانچە ئۇرۇپمۇ كۆۋرۈكنى ۋەيران قلالماپتۇ. ئاخر، نا- ئلاج باش ئېگپ، بېسقغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئەنە شۇنڭدن باشلاپ بۇ كۆۋرۈك «مومايـنڭ كۆۋرۈكى» دەپ ئاتلپتۇ.



责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——狐狸与鹳
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)